«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئەخمەق غەلىتە كالا



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى



بۇ كىتابنى سۆيۈملۈك ______________ تەقدىم قىلىمەن.

______________ دىن.







**图书在版编目(CIP)数据**

不那么可怕的巨牛怪：维吾尔文 / (英) 布莱特著;
(英) 查普曼绘; 孙艳敏汉译；买然木汗·那以甫维译.
-- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
(小老虎童书馆系列)
ISBN 978-7-5469-7706-5

Ⅰ.①不… Ⅱ.①布… ②查… ③孙… ④买… Ⅲ.
①儿童文学－图画故事－英国－现代 Ⅳ.①I561.85

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 263930 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

丛书名　小老虎童书馆
书　名　不那么可怕的巨牛怪（维吾尔文）
作　者　保罗·布莱特
插　图　简·查普曼
译　者　买然木汗·那以甫
出　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　版　乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司
印　刷　北京新华印刷有限公司
开　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　张　2.5
版　次　2015 年 11 月第 1 版
印　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-5469-7706-5
定　价　18.00 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئەخمەخ غەلىتە كالا

ئاپتورى: پائۇل بلايت [ئەنگلىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: جان چاپمان [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

تاغ چوققىسىدىكى ئۆڭكۈردە تۇرقى غەلتە بىر كالا ياشايدىكەن. بىركۈنى غەلتە كالا ئۆيىگە كەچ قاپتۇ. قۇياش بارا - بارا پېتىپ، ئاسمان سارغۇچ رەڭگە كىرىپتۇ.

غەلتە كالا تاغ چوققىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ يۈگرەۋېتىپ: «كەچ كىرەي دېدى، كەچ كىرگىچە ئۆيىگە بېرىۋالسام بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئويلىغانچە جىددىيلىشىپ، ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ.





شۇ ئەسنادا غەلىتە كالا بىر قارىغۇ چاشقاننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

ئۇ كاللىسىدا: «تېز ئۆيگە قايتىش كېرەك! تېز قايتىش كېرەك!» دەپ ئويلىسىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقى ئۇنى بىئارام قىپتۇ.



— مەن بولسام بىر قورقۇنچلۇق غەلتە كالا، — دەپتۇ قارىغۇ چاشقاننى تۇتقىنچە ھۆركىرەپ، — مەن سېنى چىلىغان كۆكتات بىلەن ئوراپ، تېتىتقۇلارنى سېپىپ، قارىغۇ چاشقان ساندۇۋىچى قىلىپ يەيمەن.



قارىغۇ چاشقان ئازراقمۇ قورقماپتۇ.

ئۇ غەلىتە كالىنىڭ ساقىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن قورقۇنچلۇق غەلىتى كالا ئەمەس، سەن بەك ئالدىرايسەن. قارا ساقاللىرىڭ تىترەپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ.

غەلىتە كالا ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىغىنىچە:

— تىترەش، ئالدىراش دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى يالغان، مەن قانداقمۇ ئالدىرىغىدەكمەن؟ — دەپتۇ.

ئۇ قارىغۇ چاشقاننى يانچۇقىغا سېلىپ تاغ چوققىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئاسمان قىزىل رەڭگە كىرىپتۇ. غەلىتە كالا يۇگۇرگەچ ئۆز-ئۆزىگە: «مەن چوقۇم كەچ كىرگىچە ئۆيىمگە قايتىشىم كېرەك!» دەپتۇ. ئۇ شۇنداق ئويلىغانچە تېخىمۇ قورقۇپتۇ. غەلىتە كالىنى قورقۇنچ باسقاندا قۇيرۇقى تىترەپ كېتىدىكەن.



دەل مۇشۇ ۋاقىتتا غەلىتە كالا بىر توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كاللىسىدا ئۆيىگە قايتىشنى ئويلىسىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن توشقانچاقنى پۆرە قىلىپ يېگۈسى كەپتۇ ھەمدە توشقان گۆشى قوشۇلغان پۆرە قارىغۇ چاشقان ساندۋىچىدىن يېيىشلىك دەپ ئويلاپتۇ.







— مەن قورقۇنچلۇق غەلتە كالا، — دەپتۇ ـ دە، توشقانچاقنى قاماللاپلا تۇتۇپ ۋارقىراپتۇ، — مەن سېنى شورپىغا سېلىپ مەززىلىك توشقان گۆشى پۆرىسى قىلىپ يەيمەن.

توشقانچاق ئازراقمۇ قورقماپتۇ. ئۇ غەلتە كالىنىڭ قۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن قورقۇنچلۇق غەلتە كالا ئەمەس، سەن قورقۇۋاتىسەن. قارىغىنا قۇيرۇقۇڭ تىترەۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

غەلتە كالا ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىغىنىچە:

— تىترەش، قورقۇچ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى مۇمكىن ئەمەس، مەن قانداقمۇ قورققىدەكمەن؟ مەن دېگەن قورقۇنچلۇق، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، — دەپتۇ ـ دە، توشقانچاقنى سومكىسىغا سېلىپ تاغ چوققىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.





قۇياش پېتىپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. غەلتە كالا يۈگرەۋېرىپ ھاسىراپ كېتىپتۇ. ئۇ يۈگۈرگەچ ئۆز - ئۆزىگە: «ئۈلگۈرەلمەيدىغان بولدۇم، مەن چوقۇم قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆيگە قايتىشىم كېرەك!» دەپتۇ. ئۇ شۇلارنى ئويلىغاچ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. غەلتە كالا جىددىيلەشسە پۇتلىرى تىترەپ كېتىدىكەن.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا غەلىتە كالا بورسۇقنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇ كاللىسىدا ئۆيىگە قايتىشنى ئويلىسىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن بورسۇقنى بورسۇق شورپىسى قىلىپ يېگۈسى كەپتۇ.

بورسۇق شورپىسى توشقان گۆشى پۆرىسىدىن يېيىشلىك!



— مەن قورقۇنچلۇق غەلىتە كالا، — دەپتۇ ـ دە، بورسۇقنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىراپتۇ، — مەن سېنىڭ گۆشىڭدە شورپا قىلىپ، سۇيىگە نوقۇت پۇرچاق ۋە تۇگۇر سېلىپ ئىچىمەن.

بورسۇق ئازراقمۇ قورقماپتۇ. ئۇ غەلتە كالىنىڭ پۇتىنى كۆرستىپ تۇرۇپ:

ـــ سەن قورقۇنچلۇق غەلتى كالا ئەمەس، سەن قورقۇۋاتسەن. قارغىنا پۇتلىرىڭ تىترەۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ.

توشقانچاق:

ـــ قارغىنا، قۇيرۇقلىرىڭ تىترەۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ.

قارىغۇ چاشقانمۇ:

ـــ توغرا، سىنىڭ ساقاللىرىڭ تىترەۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ.

قارىغۇ چاشقان غەلتە كالىدىن:

ـــ سەن زادى قورقۇنچلۇق كالىمۇ ياكى قورقۇنچاق كالىمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.





بورسۋق:
— مينڭچە سەن غەلتە كالا ئەمەس، — دەپتۋ.



غەلىتە كالا ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرغىنىچە:

— مەن دېگەن غەلىتە كالا! سىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن، ھەممىڭلارنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىمەن، — دەپتۇ. غەلىتە كالا ئاچچىقىدا ئۆيىگە قايتىشنى ئۇنتۇپ.





بورسۇق:

— مەن باشقىلاردىن غەلىتە كالا دەرەخكە قارىسا شاختىكى يوپۇرماق قورقىنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ ئاڭلىغان، — دەپتۇ.

غەلىتە كالا:

— قاراپ تۇر، مەن ساڭا قىلىپ كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ - دە، چىراينى ئۆزگەرتىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ دەرەخكە قاراپتۇ.



دەرەخ تەۋرىنىپ، شاخلىرى لىڭشىشقا باشلاپتۇ.
يوپۇرماقلار شاختىن ئاجراپ يەرگە تۆكۈلۈپتۇ.



توشقانچاق:

— قارىغاندا سەن بەك قالتىس ئىكەنسەن، ئەمما بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، شامالمۇ يوپۇرماقنى چۇشۇرۇۋېتەلەيدۇ، مەن باشقىلاردىن، غەلىتە كالا ھۆركىرىسە بارلىق قۇشلار ئاسماندا ئۇچۇشقا پېتىنالمايدۇ دەپ ئاڭلىغان، — دەپتۇ.

غەلىتە كالا:

— بۇ بەكلا ئاددىي ئىشقۇ، قاراپ تۇر، — دەپتۇ.

ئۇ چوڭقۇر تىنىپ بىر ۋارقىراپتۇ.



كۆكته پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلار
بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن ئۇ-
ۋىسى ۋە ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا
مۆكۈپ تىترەپ كېتىپتۇ.



بورسۇق:

— بۇنىڭمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، قاراڭغۇ چۈشكەندە قۇشلار ئەسلىدىلا ئۇۋۇسىغا قايتىپ ئارام ئالىدىغان تۇرسا. مېنىڭچە سەن غەلىتە كالا ئەمەس. مەن باشقىلاردىن غەلىتە كالا قاراڭغۇ چۈشىشتىن بۇرۇن ئۆيىگە قايتمىسا بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ دەپ ئاڭلىغان، — دەپتۇ.



ئاپلا چاتاق بولدى.




ڤايجان !!!
ڤايجان !!!

قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ناۋادا غەلىتە كالا قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆيگە قايتمىسا كىچىكلەپ كېتىدىكەن.

غەلىتە كالا ۋارقىراپتۇ.

راست دېگەندەك ئۇ كىچىكلەپ كېتىپتۇ.





كىچىكلەپ كەتكەن غەلىتە كالا غەزەپلەنگىنىدىن:

— سىلەر مېنى ئالداپسىلەر، مەن ئەسلىمگە قايتقاندا ھەممىڭلارنى يەۋېتىمەن، — دەپتۇ.

بۇ كىتاب زامانىۋى مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据现代教育出版社2013 年 4 月第 1版，2014 年 4 月第 2 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھىمەردان ئەنۋەر
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىۇ ۋېيىۇ

«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئەخمەق غەلىتە كالا

ئاپتورى: پائۇل بلايت [ئەنگلىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: جان چاپمان [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7706 - 5
**باھاسى:** 18.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى ـ شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)



ISBN 978-7-5469-7706-5

定价：18.00 元